# 149087 ـ پېتىر سەدىقىسىنى باشقا يۇرتلارغا ئەۋەتىش توغرىسىدا

## سۇئال

مەن ئائىلەمدىكىلەرگە ئالاقىدار بولغان پىتىر سەدىقىسىنى ئۆز يۇرتۇمدىكى كەمبەغەللەرگە بېرىش ئۈچۈن تۇغقانلىرىمغا ئەۋەتىۋەتتىم، بۇنداق قىلىشىم توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئۆز يۇرتىڭىزغا ئەۋەتىپ بەرسىڭىزمۇ دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئۆزىڭىز تۇرىۋاتقان جايدىكى كەمبەغەللەرگە بەرگەن بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، چۈنكى ئەتراپىمىزدىكىكەمبەغەللەر بۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئۆز يۇرتىڭىزدىكى كەمبەغەللەرگە بېرىش ئۈچۈن تۇغقانلىرىڭىزغا ئەۋەتكەن بولسىڭىز بۇمۇ دۇرۇس بولىدۇ.